# شنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 7 - ئاي
31
جۈمە
维吾尔文 7月31日

新疆日报网: www.xjdaily.com شنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65－0002/－W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25139 - سان بۈگۈن 4 بەت


### جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىن ئېچىپ

# 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 5 - ئومۇمىي يىغىنىنى ئېچىشنى قارار قىلدى

## ھازىرقى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ۋە ئىقتىساد خىزمىتىنى تەھلىل قىلدى، تەتقىق قىلدى

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى يىغىن ئېچىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنى بۇ يىل 10 - ئايدا بېيجىڭدا ئېچىشنى قارار قىلدى، يىغىنىڭ ئاساسلىق قارالمىلىرى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى مەركىزىي كومىتېتقا خىزمەت دوكلاتى بېرىدۇ، خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 14 - بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 - يىللىق يىراق كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپلەر تەتقىق قىلىنىدۇ. يىغىندا ھازىرقى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت تەھلىل قىلىندى، تەتقىق قىلىندى، كېيىنكى يېرىم يىللىق ئىقتىساد خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنداق قارالدى: «14 - بەش يىل» مەزگىلى دۆلىتىمىز ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىپ، بىرىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرغاندىن كېيىن، پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاپ، ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىغا يۈرۈش قىلىدىغان 1 - بەش يىل. ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا ئىستراتېگىيەلىك پۇرسەت مەزگىلىدە تۇرىدۇ، لېكىن پۇرسەت ۋە خىرىسنىڭ ھەممىسىدە يېڭى تەرەققىيات ئۆزگىرىشى بار. بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرمەكتە، تىنچلىق ۋە تەرەققىيات يەنىلا دەۋرنىڭ باش تېمىسى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلقئارا مۇھىت كۈنسېرى مۇرەككەپلىشىپ، مۇقىمسىزلىق، ئېنىقسىزلىق كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. دۆلىتىمىز يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى، تەرەققىيات كۆپ تەرەپلىك ئەۋزەللىك ۋە شارائىتقا ئىگە، شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەرەققىيات تەكشۈك بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسى يەنىلا گەۋدىلىك. دۆلىتىمىز جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق زىددىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىشى ئېلىپ كەلگەن يېڭى ئالاھىدىلىك، يېڭى تەلەپلەرنى چوڭقۇر تونۇپ، پۇرسەت ئېڭى ۋە خەۋپ - خەتەر ئېڭىنى كۈچەيتىپ، تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، كرىزىس ئىچىدە يېڭى پۇرسەت يېتىلدۈرۈش، ئۆزگىرىش ئىچىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتا ماھىر بولۇپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ، خىرىسقا تاقابىل تۇرۇپ، پايدىلىق تەرەپكە يۈزلىنىپ، زىيانلىق تەرەپتىن ساقلىنىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: «14 - بەش يىل» مەزگىلىدە دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا، جەزمەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 -، 3 -، 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ماركسىزم - لېنىنىزم،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### ھازىرقى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ۋە كېيىنكى يېرىم يىللىق ئىقتىساد خىزمىتى توغرىسىدا

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار سۆھبەت يىغىنى ئاچتى

## شى جىنپىڭ رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى

### لى كېچياڭ ئالاقىدار ئەھۋاللارنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، خەن جېڭ قاتناشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تېلېگراممىسى** 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى جۇڭنەنخەيدە پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ھازىرقى ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ۋە كېيىنكى يېرىم يىللىق ئىقتىساد خىزمىتى توغرىسىدا ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار مەركىزىي كومىتېتلىرى، مەملىكەتلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە پارتىيە - گۇرۇھسىز زاتلار ۋەكىللىرىنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى ئاڭلىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ سۆھبەت يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم مۇھىم سۆز قىلىپ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىرقى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى توغرا تونۇپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تېخىمۇ زور سالماق بىلەن ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، تەرەققىياتتا دۈچ كەلگەن تۈرلۈك قىيىن مەسىلىلەرنى پائال ھەل قىلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىن كەلگەن تۈرلۈك خەۋپ - خەتەر، خىرىس ۋە غايەت زور بېسىمنى يەڭگىلى بولمايدىغان تەرەققىيات بىلەن ئالغا سىلجىتىش، ھەر خىل خەۋپ - خەتەر، خىرىسنى يېڭىش ئۈچۈن كەڭ ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش، قۇدرەتلىك كۈچ توپلاش كېرەك. بىزنىڭ خىرىسقا تاقابىل تۇرۇشتا كۈچلۈك ئىرادىمىز، قەتئىي غەيرىتىمىز، مۇستەھكەم دۆلەت كۈچىمىز بار، ھەر خىل خەۋپ - خەتەر، سىناقلارنى يېڭىشتە يېتەرلىك ئەۋزەللىكىمىز، ئىقتىدارىمىز، ئەقىل - پاراسىتىمىز بار، ھەرقانداق دۆلەت، ھەرقانداق كىشى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش تارىخ قەدىمىنى توسۇپ قالالمايدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن لى كېچياڭ، ۋاڭ ياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، خەن جېڭ سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

لى كېچياڭ ئالدىنقى يېرىم يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىگە ئالاقىدار ئەھۋاللارنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئويلىنىشنى تونۇشتۇردى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئاسپىرانتلار ماگىستىرلىق خىزمىتىگە بەرگەن مۇھىم يوليورۇقى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپ ماگىستىرلىق خىزمەتچىلىرىنى ئىلھاملاندۇردى، رىغبەتلەندۈردى

## تىرىشىپ زور تۆھپە ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك يۇقىرى قاتلام ئىختىساسلىقلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرىمىز

« 3 - بەتتە

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە سىن يىغىنى ئېچىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى

# ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكىگە يۈكسەك مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك

## چېن چۈەنگو رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى

### شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۈك، ۋاڭ شىگرۈي** خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كەچتە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە سىن يىغىنى ئېچىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانى لى پېڭشىن يىغىندا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى توغرىسىدا كونكرېت ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىشەنچنى چىڭىتىش، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈش ئومۇمىي تەلپى بويىچە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ھازىرقى ئەڭ مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە تۇتۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۈرۈمچى شەھىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ماسلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىدىغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكىگە يۈكسەك مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

# «شىنجاڭ ياسىمچىلىقى»نىڭ تۈپلىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەنمەكتە

ياسىمچىلىقنىڭ يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشىغا نەزەر ①

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز شى شىن، لىيۇ شياڭ، جېن شىشىن، جاڭ ئاۋ، لۈ يىخەن پىراكتىكانت جياڭ يىياۋ

بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئالاھىدە ترانسفورموتور پاي چەكلىك شىركىتىدىكى تەتقىقاتچىلار يەنىلا جىنشاجياڭ دەرياسى ۋۇدۇڭدې سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنىڭ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ توك تارقاتقانلىق خۇش خەۋىرىنىڭ خۇشاللىقى ئىچىدە ئىدى. بۇ قۇرۇلۇش ۋۇدۇڭدې ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن گۇاڭدۇڭ - گۇاڭشى ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق كۆپ ئۇچلۇق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش ئۆلگە قۇرۇلۇشىنىڭ توك مەنبە نۇقتىسى بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھىم، زور جابدۇق كاپالىتىنى ئالاھىدە ترانسفورموتور پاي چەكلىك شىركىتى تەمىنلىگەنىدى.

توك يەتكۈزۈش، بېسىم ئۆزگەرتىش يۇقىرى تېخنىكىلىق جابدۇق ياسىمىچىلىقى ئۇنىۋېرسال ياسىمچىلىق ئىقتىدارىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى بولۇپ، «شىنجاڭ ياسىمچىلىقى»نىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە جابدۇقلىرى، توك يەتكۈزۈش، بېسىم ئۆزگەرتىش جابدۇقلىرىنى خاس ئەۋزەللىك، ئاپتوموبىل، يېزا ئىگىلىك، دېھقانچىلىق -

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# يېڭىلىق يارىتىش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ياسىمچىلىقنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتەيلى

□ گېزىتىمىز ئوبزورچىسى

«ھازىر جۇڭگو ياسىمچىلىق كۈچلۈك دۆلىتى، سانائەت كۈچلۈك دۆلىتى بولۇشتىن ئىبارەت تېخىمۇ يۇقىرى نىشانغا قاراپ تەرەققىي قىلىشتا، ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئەگىم يولدا ياندىپ ئۆتۈپ كېتىشى كېرەك.» يېقىندا باش شۇجى شى جىنپىڭ جىلىندا تەكشۈرۈشتە بولغاندا ياسىمچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا يەنە بىر قېتىم ئېنىق نىشان - تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات يۆنىلىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق ياسىمچىلىقنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى تېز ئالغا سىلجىتىشنى مۇھىم مىزان بىلەن تەمىنلىدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھىرىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا، تەكشۈرگەندە مۇنداق تەكىتلىدى

# تېخىمۇ قاتتىق، تېخىمۇ ئىنچىكە ئۇسۇل بىلەن ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ كېڭىيىشى، يامرىشىنى قەتئىي توسۇپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك



7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھىرىگە بېرىپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، تەكشۈردى. سۈرەتتە: ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى (يېڭىشەھەر رايونى) لەنتىنىڭ مەھەللىسى لۈجىن ئولتۇراق رايونىدا، چېن چۈەنگو مەھەللە خىزمەتچىلىرى ۋە پىدائىيلاردىن سەممىي ھال سورىماقتا.

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۈك، ۋاڭ شىگرۈي** خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھىرىگە بېرىپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، تەكشۈردى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ھازىرقى ئەڭ مۇھىم خىزمەت قىلىپ، تېخىمۇ قاتتىق، تېخىمۇ ئىنچىكە ئۇسۇل بىلەن تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىپ، يۇقۇمنىڭ كېڭىيىشى، يامرىشىنى قەتئىي توسۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك.

ئۈرۈمچى شەھىرى شىنلىيەن يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ئۇنىۋېرسال بازىرىدا كۆكتات، مېۋە - چېۋە، كالا - قوي گۆشى قاتارلىقلارنىڭ زاپىسى تولۇق ئىدى. چېن چۈەنگو بازار مەسئۇللىرى ۋە تىجارەتچىلەر بىلەن سەممىي پاراڭلىشىپ، تاۋار زاپىسى، ئەشيا ئوبوروتى - توشۇش، سېتىش باھاسى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: تۈرلۈك تاۋارلارنى تەشكىللەش، يۆتكەپ توشۇش ۋە زاپاس ساقلاشنى كۈچەيتىپ، توشۇش ۋە تەقسىملەپ يەتكۈزۈش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بازار تەمىناتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، قۇربان ھېيت مەزگىلىدە تاۋار تۈرىنىڭ مول، باھاسىنىڭ تەكشى، مۇقىم، تەقسىملەپ يەتكۈزۈشنىڭ ۋاقتىدا بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)